# رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھۇ ۋەسەللەم جۈمە كۈنىدە ئۆرە تۇرۇپ ئىككى خۇتبە ئوقۇيتتى، ئارىسىنى قىسقىغىنا ئولتۇرۇش بىلەن ئايرىۋېتەتتى

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جۈمە كۈنىدە ئىككى خۇتبە ئوقۇيتتى، ئارىسىدا ئولتۇراتتى. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بايان قىلغان ھەدىستە: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھۇ ۋەسەللەم جۈمە كۈنىدە ئۆرە تۇرۇپ ئىككى خۇتبە ئوقۇيتتى، ئارىسىنى قىسقىغىنا ئولتۇرۇش بىلەن ئايرىۋېتەتتى، دېگەن

[ھەدىس ئىككىلا ئىسناد بىلەن سەھىھ] [بەيھەقى"شۆئەبىل ئىمان"(ئىمان شاخچىلىرى)ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان - ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

جۈمە كۈنى بولسا بىر يۇرۇتتىكى ئومۇمى مۇسۇلمانلارنىڭ يىغىلىدىغان ۋە توپلىنىدىغان بىر كۈن، شۇڭلاشقا ئۇنىڭ ئۈچۈن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەلۇم بىر ھىكمەت بىلەن ئۇ كۈندىكى خۇتبىنى ئىككىگە بۆلۈپ ئوقۇغان، ئۇنىڭدا مۇسۇلمانلارنى ياخشىلىققا قىزىقتۇرىدىغان، يامانلىقتىن توسىدىغان ئىدى. رەسۇلۇللاھ خۇتبىنى مۇنبەردە ئۆرە تۇرۇپ ئوقۇيتتى، ئۆرە تۇرۇپ ۋەئىز -نەسىھەت ۋە تەلىم-تەربىيە قىلغاندا، ئىسلامنىڭ كۈچ-قۇۋۋىتىنى ۋە ھەيۋىتىنى نامايەن قىلغىلى بولاتتى. بىرىنچى خۇتبىنى ئوقۇپ بولغاندا ئۆزىنىمۇ چارچاتماي، جامائەتنىمۇ مالال قىلماستىن، ئارام ئېلىش ئۈچۈن بىر ئاز ئولتۇرۇپ، ئىككى خۇتبىنىڭ ئارىسىنى بۆلىۋېتەتتى، ئاندىن تۇرۇپ ئىككىنچى خۇتبىنى سۆزلەيتتى

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/5399

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC
E-Da'wah Committee